ئىرادىدىن سېپىل ھاسىل قىلىپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش، توسۇپ زەربە بېرىش جېڭىدە غەلىبە قىلايلى

# قانچە خەتەرلىك بولغانسېرى، شۇنچە ئالدىدا ماڭىمەن

## —— ئۈلۈغچات ناھىيەسى ئۈلۈغچات يېزىسىدىكى كوممۇنىستىك پارتىيە ئەزاسى ئىسمائىل ئىساقنى خاتىرىلەش

□ **پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز شيا چېڭ، ئىختىيارىي مۇخبىرلىرىمىز سارىگۈل مۇرسايى، ۋۇ دەن، خۇاڭ جىنفېڭ**

يۇقۇم ھۇجۇم قىلىپ كەلدى، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر مىللەت پارتىيە ئەزالىرى ـ كادىرلار تۇغقانلىرى بىلەن جەم بولۇشتىن ۋاز كېچىپ، ئىش ئورنىدا چىڭ تۇرۇپ، ئۈن ـ تىنسىز تۆھپە قوشماقتا. 1 ـ ئاينىڭ 31 ـ كۈنى، ئۈلۈغچات ناھىيەسى ئۈلۈغچات يېزىسى قورغان كەنتى پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، كەنت كومىتېتىنىڭ مۇدىرى ئىسمائىل ئىساق يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش بىلىملىرىنى تەشۋىق قىلىش يولىدا چېپىپ يۈرەتتى، ئۇنىڭ ھاياتىنىڭ مەڭگۈ ئاشۇ دەقىقىدە توختاپ قالىدىغانلىقىنى ھېچكىممۇ ئويلىمىغانىدى.

«پارتىيەلىك كادىرلار بىرىنچى سەپكە ئاتلىنىشى كېرەك، مەن يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىشنى تەشۋىق قىلىش گۇرۇپپىسىنىڭ گۇرۇپپا باشلىقى، تەشۋىق قىلىشنى چوقۇم ياخشى ئىشلەپ، كۆپچىلىككە يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەشنى ياخشى ئىشلەتكۈزۈشۈم كېرەك» ئىسمائىل ئىساق شۇنداق دېدى ھەم شۇنداق قىلدى. يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش خىزمىتى باشلانغاندىن بۇيان، 13 يىللىق يېزا خىزمىتى كەچۈرمىشى بولغان ئىسمائىل ئىساق ئالدىدا ئاتاكىغا ئۆتۈپ، سەپنىڭ ئالدىدا مېڭىپ، پارتىيە ئەزالىرىنىڭ ئاۋانگارتلىق، نەمۇنىلىك رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، ياش ھاياتى ئارقىلىق، پارتىيە ۋە خەلققە بولغان ساداقىتىنى ئىپادىلىدى، كوممۇنىستلارنىڭ ئەسلى مەقسىتى ۋە بۇرچىنى ئەمەلىيەتتە كۆرسەتتى.

1 ـ ئاينىڭ 31 ـ كۈنى چۈشتە، چۈشلۈك تاماق يېمەكچى بولۇۋاتقان ئىسمائىل ئىساق يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش يىغىنى ئۇقتۇرۇشىنى تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن، دەرھال كەنت كومىتېتىغا ماڭدى، كەينىدىن كەنت كادىرلىرىنى باشلاپ تەشۋىق قىلىشقا كىرىشىپ كەتتى. ئادەتتە تەشۋىق قىلىشتا ئاپتوموبىللىق غول يولنى بويلاپ ئاستا مېڭىپ، كاناي بىلەن تەشۋىق قىلىناتتى، چوڭ يول بويىدىكى كەنت ئاھالىلىرىنىڭ يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش بىلىملىرىنى ئىگىلەپ بولغانلىقىنى ئويلىشىپ، شۇ كۈنى ئىسمائىل ئىساق مەخسۇس چىغىر يولنى تاللاپ، ئاتقا مىنىپ تېخىمۇ يىراقراق بېرىپ، تېخىمۇ كۆپ كەنت ئاھالىسىگە يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش بىلىملىرىنى چۈشەندۈرۈشنى ئويلىدى.

ئويلىمىغان يەردىن، ئىسمائىل ئىساق ئەمدىلا بىر ئائىلىلىكنىڭ ئىشىكى ئالدىغا كېلىپ، كانايىنى ئېچىپ تەشۋىق قىلماي دەپ تۇرغاندا، ئات ئۈركۈپ كەتتى، قىلچە تەييارلىقسىز تۇرغان ئىسمائىل ئىساق يەرگە قاتتىق يىقىلىپ ھوشىدىن كەتتى. 2 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى سەھەر سائەت 2دىن 50 مىنۇت ئۆتكەندە، ئىسمائىل ئىساقنىڭ يارىسى ئېغىر بولغانلىقتىن قۇتقۇزۇش ئۈنۈم بەرمەي، 41 يېشىدا ۋاپات بولدى.

«شۇ كۈنى، مەن تاماقنى يەۋېلىپ مېڭىڭ، دەپ قايتا ـ قايتا ئېيتقان بولسامۇ ئۇ قۇلاق سالمىغانىدى...» ئىسمائىل ئىساقنىڭ خوتۇنى چىپارگۈل جۇمالى سۆزلەۋېتىپ يىغلاپ كەتتى.

يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش، توسۇپ زەربە بېرىش جېڭىدە، ئىسمائىل ئىساق يۇقىرى دەرىجىلىك ئورۇننىڭ تەلىپىگە قاتتىق ئەمەل قىلىپ، كەنت كادىرلىرىنى يېتەكلەپ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش خىزمىتىنى قانات يايدۇردى. ئۇ كەنت كادىرلىرى، «تۆت پېشقەدەم»لەر قاتارلىقلارنى تەشكىللەپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش تەشۋىقات گۇرۇپپىسىدىن بەشنى قۇرۇپ، يول ئېغىزىدا چارلاش، نۆۋەتچىلىك قىلىش، سىرتتىن كەلگەن كىشىلەرنى سۈرۈشتۈرۈش، نەسىھەت قىلىپ توسۇش، كىرىپ ـ چىقىۋاتقان ئاپتوموبىللارنى تەكشۈرۈش، داۋالاش، تۇرمۇش ماددىي ئەشيالىرىنى يەتكۈزۈشكە كاپالەتلىك قىلىش قاتارلىق ئىشلارنى تەرتىپلىك ئورۇنلاشتۇردى. دېھقان ـ چارۋىچىلارنىڭ يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش بىلىملىرىدىن خەۋەردار بولۇش نىسبىتىنى يەنىمۇ ئۆستۈرۈش ئۈچۈن، ئۇ كەنت كادىرلىرىنى باشلاپ پىلاكات ئېسىش، ئاپتوموبىلغا كاناي ئورنىتىش، ئاتلىق تەشۋىق قىلىش قاتارلىق شەكىللەر ئارقىلىق تەشۋىق قىلىپ، دېھقان ـ چارۋىچىلارنىڭ يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەشكە بولغان تونۇشىنى زور دەرىجىدە ئۆستۈرۈپ، كىشىلەرنىڭ يۆتكىلىشىنى ئۈنۈملۈك ئازايتىپ، يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن پۇختا ئاساس سالدى.

«مەن كەنت كادىرى، تېخىمۇ مۇھىمى پارتىيە ئەزاسى، خەتەرلىك پەيتتە بىرىنچى سەپكە ئاتلىنىشىم كېرەك.» يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش مەزگىلىدە، ئىسمائىل ئىساق پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى يۇقۇمنىڭ داۋاملىشىش ئەھۋالىغا يۈكسەك دىققەت قىلىپ، بىرىنچى ۋاقىتتا يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش يېڭى بىلىملىرىنى ئۆگەندى ھەم تەشۋىقات قوللانمىسىنى تەرجىمە قىلىپ تۈزۈپ چىقىپ، يۇقۇمنىڭ خەۋپلىكلىكى، مۇداپىئە تەدبىرلىرى قاتارلىقلارنى ئاممىباب، چۈشىنىشلىك «زاغرا» تىل ئارقىلىق ھەربىر ئائىلىلىك، ھەربىر ئاھالىگىچە تەشۋىق قىلدى. ئۇنىڭ ۋە خىزمەتداشلىرىنىڭ تىرىشىشى نەتىجىسىدە، كەنت ئاھالىلىرىنىڭ يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش بىلىملىرىدىن خەۋەردار بولۇش نىسبىتى 100%كە يېتىپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەشكە تەشەببۇسكارلىق بىلەن ماسلاشتى.

«يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش خىزمىتى باشلانغاندىن بۇيان، بىز ئىسمائىل ئىساقنىڭ يېتەكچىلىكىدە ئىش ئورنىمىزدا 24 سائەت نۆۋەتچىلىك قىلىپ، تۈرلۈك يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش تەدبىرلىرىنى پۈتۈن كۈچىمىز بىلەن ئەمەلىيلەشتۈردۇق. بىزنىڭ تەشۋىق قىلىپ يېتەكلىشىمىز ئارقىلىق، «ماسكا مەدەنىيلىكى» كەنت ئاھالىلىرىنىڭ ئاڭلىق ھەرىكىتىگە ئايلاندى» دېدى كەنت ئاھالىسى قۇرمانبېك توختقۇل.

كەنت كادىرى مەمەتروزى ناسىئالى مۇنداق دېدى: «ئىسمائىل ئىساق ئادەتتە خىزمەتنى جان كۆيدۈرۈپ ئىشلەيدۇ، جاپادىن، تاپا ـ تەنىلەردىن قورقمايدۇ. ئۇ پارتىيەنى سۆيىدىغان، خەلقنى سۆيىدىغان ياخشى كادىر، بىزنىڭ ئۆگىنىشىمىزگە ئەرزىيدۇ».

قورغان كەنتىدىكى كەنت ئاھالىسى پەرىزايىم ئېلىيازنىڭ روھىي كېسىلى بار ئىدى، ئۇ ۋە ئۇنىڭ ئائىلىسىدىكىلەرنى راھەت ئەمىن ئۆيدە ئولتۇرغۇزۇش ئۈچۈن، ئىسمائىل ئىساق ئۇلارغا ئاستىدىن ئىسسىيدىغان پار ئورنىتىپ بەرگەنىدى، ھويلا ـ ئاراملىرىنى رەتلەپ بەرگەنىدى. ئىككى كېچە ـ كۈندۈز ئىسمېنا قوشۇپ ئىشلەش ئارقىلىق، ئوت ـ چۆپ بېسىپ كەتكەن ھويلا پاكىز رەتلىك ھالەتكە كەلتۈرۈلگەنىدى.

ئىسمائىل ئىساق باشتىن ـ ئاخىر ئۆزىنى بېقىپ چوڭ قىلغان بۇ يۇرت ـ ماكانىنى چوڭقۇر سۆيۈپ، تۈرلۈك خىزمەتلەردە بىرىنچى سەپتە تۇرۇپ كەلدى. ئۇ مۇنداق دېگەنىدى: «مەن بىر كوممۇنىستىك پارتىيە ئەزاسى، قانچە خەتەرلىك بولغانسېرى، شۇنچە ئالدىدا مېڭىپ، كەينىمدىكى ئامما ئۈچۈن بىر بىخەتەر يول ئېچىپ بېرىشىم كېرەك.» ئۇ قورغان كەنتىدىكى ھەممە دېھقان ئائىلىسىنى ئايلىنىپ چىققان، ئاممىنى كىرىمنى ئاشۇرۇپ بېيىپ، گۈزەل يۇرت ـ ماكان قۇرۇشقا يېتەكلىگەنىدى. مۇشۇ يىللاردا، ئىسمائىل ئىساق ۋە خىزمەتداشلىرىنىڭ بوشاشماي تىرىشىشى ئارقىلىق، قورغان كەنتىدىكى ئارخىپ تۇرغۇزۇلۇپ كارتا بېرىلگەن نامرات ئائىلىلەر نامراتلىقتىن قۇتۇلدى، 2019 ـ يىلى كەنتتىكى دېھقان ـ چارۋىچىلارنىڭ كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان ساپ كىرىمى 10 مىڭ 75 يۈەنگە يەتتى.

پارتىيەگە كىرگەنگە 15 يىل بولدى، پارتىيەگە كىرگەن ۋاقىتتىكى جاراڭلىق قەسەم يەنىلا شۇنداق ياڭراپ تۇراتتى —— «كوممۇنىزم ئۈچۈن ئۆمۈرۋايەت كۈرەش قىلىمەن، ھەر ۋاقىت پارتىيە ۋە خەلق ئۈچۈن بارلىقىمنى بېغىشلايمەن...» ئىسمائىل ئىساق ھاياتى ئارقىلىق ئۆزىنىڭ قەسىمىنى ئەمەلىيەتتە كۆرسەتتى، خەلق ئۈچۈن كەسپىنى سۆيۈش قەسىدىسىنى پۈتتى. ھاياتىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى پەيتىدە، ئۇ يەنىلا ئاممىغا رىشتە باغلاپ، كوممۇنىستىك پارتىيە ئەزالىرىنىڭ ئەسلى مەقسىتى ۋە بۇرچىنى شەرھلىدى.

# تەۋەلىك مەسئۇلىيىتىنى پۇختا چىڭىتايلى

(بېشى 1 ـ بەتتە)

جەمئىيەتنىڭ نورمال ئايلىنىشىنى تىرىشىپ قوغدىدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، يەنە شۇنىمۇ كۆرۈش كېرەككى، دىياگنوز قويۇش ئۇسۇلىنىڭ ئەلالىشىشى، ئۆلچەپ تەكشۈرۈش دائىرىسىنىڭ كېڭىيىشى، دوكلات قىلىنغان كېسەللىك مىسالى سانىنىڭ سىجىل كۆپىيىشى، ئۇنىڭ ئۈستىگە چاغاندا توشۇلىدىغان كىشىلەرنىڭ كەڭ دائىرىدە يۆتكىلىشى، كارخانىلارنىڭ ئىشنى، ئىشلەپچىقىرىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشىگە ئەگىشىپ، ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش ۋەزىيىتىدە يېڭى ئۆزگىرىشلەر بارلىققا كەلدى. بۇنىڭغا قارىتا، بىز ھەرگىزمۇ قىلچە بوشاڭلىق، بېپەرۋالىق قىلماسلىقىمىز، ھەرگىزمۇ ھەرقانداق تەلەي سىناش پىسخىكىسىدا بولماسلىقىمىز كېرەك. پەقەت ھەقىقىي تۈردە مەسئۇلىيەتنى زىممىگە ئېلىشتا تەۋرەنمەسلىك، مەسئۇلىيەتچان بولۇشتا مۇجمەل بولماسلىق، مەسئۇلىيەتنى تولۇق ئادا قىلىشتا بوشاڭلىق قىلماسلىقنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، تېخىمۇ قەتئىي پوزىتسىيە، تېخىمۇ كۈچلۈك تەدبىر ئارقىلىق، تۈرلۈك ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش تەدبىرلىرىنىڭ جايىدا ئەمەلىيلىشىشىگە تۈرتكە بولساقلا، ئاندىن يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش، يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇشنىڭ پولات ئىستىھكامىنى مۇستەھكەملىيەلەيمىز.

باش شۇجى شى جىنپىڭ مۇنداق تەكىتلىدى: «ھازىر ئەڭ ئاچقۇچلۇق مەسىلە ئەمەلىيلەشتۈرۈش خىزمىتىنى ئەمەلىي تۇتۇش، ئىنچىكە تۇتۇش.» ۋاقىت بىلەن بەسلىشىش، كېسەللىك ئالۋاستىسى بىلەن ئېلىشىشنىڭ ئاچقۇچى ئەمەلىيلەشتۈرۈشتە، مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش ياكى مەغلۇپ بولۇش ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە باغلىق. پەقەت ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى تۇتقاندىلا، ئاندىن شەكلىۋازلىق، بيۇروكراتلىقنى تۈگىتىپ، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەدبىر ـ ئورۇنلاشتۇرۇشلىرىنىڭ ئەمەلىيلىشىپ ئۈنۈم ھاسىل قىلىشىغا تۈرتكە بولغىلى بولىدۇ؛ پەقەت ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى تۇتقاندىلا، ئاندىن يېتەرسىزلىكلەرنى بايقاپ، ساۋاقلارنى قوبۇل قىلىپ، خىزمەتلەرنى ياخشىلاپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش، توسۇپ زەربە بېرىش جېڭىدە قەتئىي غەلىبە قىلغىلى بولىدۇ. ھەر دەرىجىلىك پارتىيە كومىتېتلىرى ۋە ھۆكۈمەتلەر ئىنچىكە چېكىتش، جاپا ـ مۇشەققەتتە ھەمدەم بولۇش، ئىلمىي ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش، دەل جايىدا تەدبىر قوللىنىش تەلىپى بويىچە، تېزدىن پەرقلەرنى تېپىپ چىقىپ، كەمتۈكلۈكلەرنى تولۇقلاپ، ھۆكۈمەتنىڭ مەسئۇلىيىتىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، تەۋەلىك بويىچە باشقۇرۇشنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، يۇقۇمنى تەكشۈرۈپ ئۆلچەش، ئايرىپ قۇتقۇزۇپ داۋالاش، تەكشۈرۈش، كارانتىن قىلىش قاتارلىق تۈرلۈك ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش تەدبىرلىرىنى قانۇن بويىچە ئەمەلىيلەشتۈرۈشى كېرەك؛ يۈزەكى ئىش قىلىش، قۇرۇق شوئار توۋلاش، مەسئۇلىيەتنى بىر ـ بىرىگە ئىتتىرىپ قۇرۇق تالاش ـ تارتىش قىلىشتىن قەتئىي ساقلىنىپ، ئەمەلىي جايىدىن قول سېلىپ، ئىنچىكە يەرلەرگە كۆچەپ، كونكرېت ئۇسۇللارنى تەتقىق قىلىپ، كونكرېت مەسئۇلىيەتنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ، دەرىجىمۇ دەرىجە يېتەكلەپ ئىشلەپ، ھالقىمۇ ھالقا تۇتۇپ، ھەقىقىي تۈردە تۈرلۈك ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش خىزمىتىنى بىرمۇبىر دەل جايىدا ئەمەلىيلەشتۈرۈش كېرەك.

نۇقتىلىق رايونلارنىڭ يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش خىزمىتى ئومۇمىي ۋەزىيەتكە مۇناسىۋەتلىك. پەقەت كۈچنى مەركەزلەشتۈرۈپ نۇقتىلىق رايونلارنىڭ يۇقۇم ئەھۋالىنى كونترول قىلغاندىلا، ئاندىن پۈتۈن مەملىكەت بويىچە يۇقۇمنىڭ يامراش ۋەزىيىتىنى تۈپتىن ئۆزگەرتكىلى بولىدۇ. خۇبېي ئۆلكىسى، بولۇپمۇ ۋۇخەن شەھىرى يەنىلا مەملىكەت بويىچە يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەشتىكى مۇھىمنىڭ مۇھىمى، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش خىزمىتىنى نۆۋەتتىكى بىرىنچى چوڭ ئىش قىلىپ، يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش تەدبىرلىرىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ ۋە يەنىمۇ كۈچەيتىپ، بالدۇر بايقاش، بالدۇر مەلۇم قىلىش، بالدۇر ئايرىش، بالدۇر داۋالاشنى قاتتىق ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، يۇقۇمنى تەكشۈرۈپ ئۆلچەشنى كۈچەيتىپ، ئاغرىقلارنى مەركەزلەشتۈرۈپ قۇتقۇزۇپ، داۋالاپ، قويۇق ئۇچراشقان بارلىق كىشىلەرگە قارىتا ئۆيدە تېببىي كۆزىتىش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، يۇقۇمنىڭ سىرتقا تارقىلىشىنى توسۇش تەدبىرلىرىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش ۋە يەنىمۇ كۈچەيتىش كېرەك. ئالدىنى ئېلىش، داۋالاش كۈچلىرىنى بىرتۇتاش پىلانلاشنى نۇقتىلىق ياخشى تۇتۇپ، قەتئىي تۈردە قۇتقۇزۇش ـ داۋالاش بايلىقى ۋە مۇداپىئە بايلىقىنى يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇشنىڭ بىرىنچى سېپىگە مەركەزلەشتۈرۈپ، ئالدى بىلەن بىرىنچى سەپتىكى تېببىي خادىملار ۋە قۇتقۇزىدىغان ـ داۋالايدىغان ئاغرىقلارنىڭ ئېھتىياجىنى قاندۇرۇش كېرەك. پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەرقايسى جايلارنىڭ ھەممىسى بازا ئېڭىنى تۇرغۇزۇپ، تەۋەلىك مەسئۇلىيىتىنى يەنىمۇ چىڭىتىپ، كىشىلەر كىرگەن جاي ۋە چىققان جايلارنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش مەسئۇلىيىتىنى يەنىمۇ ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، بىرلىشىپ ئالدىنى ئېلىش، بىرلىشىپ تىزگىنلەش تەدبىرلىرىنى ئومۇميۈزلۈك ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ھەرقانداق بىر جايدا ئۆلۈك بۇلۇڭ قالدۇرماي، ھەرقانداق بىر ھالقىدا بىپەرۋالىق قىلماي، پۈتۈن كۈچ بىلەن ئامما ئالدىنى ئېلىش، ئامما تىزگىنلەشنىڭ قاتتىق مۇداپىئە سېپىنى بەرپا قىلىشى كېرەك.

يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش ھەم بىر مەيدان دوقۇرۇشما جەڭ، ھەم بىر مەيدان ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش جېڭى. زىممىمىزگە ئېلىشقا تېگىشلىك مەسئۇلىيەتنى زىممىمىزگە ئېلىپ، تېخىمۇ ئەمەلىي خىزمەت ئىستىلى، تېخىمۇ ئىنچىكە خىزمەت تەدبىرلىرى ئارقىلىق، ھەقىقىي تۈردە تۈرلۈك ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلىسەكلا، بىز چوقۇم ۋاقىت بىلەن بەسلىشىشتە يېڭىپ چىقالايمىز، كېسەللىك ئالۋاستىسى بىلەن ئېلىشىشتا يېڭىپ چىقالايمىز!

**(«خەلق گېزىتى»نىڭ 2 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈندىكى سانىغا بېسىلغان)**

# ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى كارخانىلار يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەشنى ۋە ئىشنى، ئىشلەپچىقىرىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى چىڭ تۇتتى

(بېشى 1 ـ بەتتە)

ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر فورما كىيىپ، ماسكا تاقاپ، پۈتۈن كۈچ بىلەن ئىسپىرت ئىشلەپچىقىرىشقا ئاتلاندى. ئىشلەپچىقىرىش، قاچىلاش، تەكشۈرۈش قاتارلىق تارماقلار كۈچەپ ماسلىشىپ، پۈتۈن سۈرئەت بىلەن ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتى، ھەربىر ھالقا ناھايىتى تەرتىپلىك بولدى، 75%لىك دېزىنفېكسىيە ئىسپىرتى قاچىلانغان بوتۇلكىلار تېز سۈرئەتتە ئىشلەپچىقىرىش لىنىيەسىدە «مېڭىش»قا باشلىدى. «شىركەت نۆۋەتتە تولۇق ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتى، ئەسلى بىر ئىسمېنىدا ئەڭ كۆپ بولغاندا 1000دىن ئارتۇق بوتۇلكىغا قاچىلىغىلى بولاتتى، ھازىر ئۇن ھەسسىگە يېقىن كۆپەيدى. نۆۋەتتە كارخانا ئىشلەپچىقىرىش لىنىيەسىدىن يەنە بىرىنى كۆپەيتىپ، ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارىنى كېڭەيتىشنى ماسلاشتۇرۇپ، بازار ئېھتىياجىنى قاندۇرماقچى بولۇۋاتىدۇ.» بۇ شىركەتنىڭ باش دىرېكتورى ۋاڭ يىبىڭ مۇنداق دېدى: يۇقۇم يۈز بەرگەندىن بۇيان، شىركىتىمىز ئىشلەپچىقارغان داۋالاشتا ئىشلىتىلىدىغان ئىسپىرت تېز سۈرئەتتە سېتىلىپ تۈگىدى، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ماددىي ئەشيالىرى بىلەن تەمىنلەشنىڭ يېتەرلىك بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، شىركەت چاقىرىققا ئاكتىپ ئاۋاز قوشۇپ، دەرھال ئىشلەپچىقىرىش كۆلىمىنى كېڭەيتىشكە تەشكىللىدى، نۆۋەتتە شىركەتنىڭ كۈندىلىك ئىسپىرت ئىشلەپچىقىرىش مىقدارى ئون توننىغا يەتتى.

### يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئىشلەپچىقىرىشنى ئىلگىرى سۈرۈش

2 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى، قومۇل شەھىرىنىڭ ئاراتۇرۇك ناھىيەسىگە جايلاشقان شىنجاڭ گۇاڭخۇي يېڭى ئېنېرگىيە چەكلىك شىركىتىدە، بۇ شىركەتنىڭ خادىمى تيەن جۈنپېڭ ترانسپورت ئاپتوموبىلى شوپۇرىغا تاماق يەتكۈزۈپ بېرىۋاتاتتى، ئۇ مۇنداق دېدى: «يۇقۇمنىڭ تەسىرىدە، ئاراتۇرۇك ناھىيەسى نوم بازىرىنىڭ ئەتراپىدىكى ئاشخانىلارنىڭ ھەممىسى تىجارەتنى توختاتتى، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش ۋە يۈك ترانسپورتىغا كاپالەتلىك قىلىشنى ياخشى ئىشلەش ئۈچۈن، شىركەت ترانسپورت ئاپتوموبىلى شوپۇرلىرىنى ھەقسىز تاماق بىلەن تەمىنلىدى».

يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش كېرەك، ئىشلەپچىقىرىشنى توختىتىشقا بولمايدۇ. بۇ يىل 1 ـ ئاينىڭ ئاخىرىدا، گۇاڭخۇي ئېنېرگىيەسىنىڭ نومدا تۇرۇشلۇق كارخانىسى يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش بويىچە مەخسۇس قوماندانلىق ئىشتابى قۇرۇپ، توققۇز كارخانىنىڭ يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش خىزمىتىنى بىرتۇتاش ماسلاشتۇردى. يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش ۋە ئىشلەپچىقىرىش ـ تىجارەت خىزمىتىنى ياخشى تۇتۇش ئۈچۈن، كارخانا يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ماددىي ئەشيالىرىنى سېتىۋېلىپ، ئىشلەپچىقىرىش خىزمىتىنىڭ تەرتىپلىك قانات يايدۇرۇلۇشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلدى. زاۋۇتقا مال ئالغىلى كېلىدىغان ئاپتوموبىللارغا بەلگىلەنگەن رايونغا كىرگەندىن كېيىنلا پۈتۈن مۇساپىدە قوغداپ مېڭىشقا مەخسۇس ئادەم ئورۇنلاشتۇرۇپ، شوپۇر، توشۇشقا نازارەت قىلغۇچىلارنى ئاپتوموبىلدىن قەتئىي چۈشۈرمەي، تۈرلۈك تەدبىرلەرنى قاتتىق ئىجرا قىلىپ، ھەقىقىي تۈردە يۇقۇمنىڭ تارقىلىشىنى توسىدى.

2 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى، مۇخبىر ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ مىدۇڭ رايونىدىكى جۇڭتەي خىمىيە سانائىتى باغچىسىدا ئىشچىلارنىڭ ھەرقايسى ئىش ئورۇنلىرىدا ئالدىراش ئىشلەۋاتقانلىقىنى، يۈك ئاپتوموبىللىرىنىڭ باكقا قاچىلانغان دېزىنفېكسىيە مەھسۇلاتى سۇيۇقلۇقىنى زاۋۇت رايونىدىن ئېلىپ چىقىۋاتقانلىقىنى كۆردى. يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش مەزگىلىدە، شىنجاڭ جۇڭتەي (گۇرۇھ) چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى قارمىقىدىكى خۇاتەي شىركىتى نۆۋەت بىلەن دەم ئېلىشنى جىددىي ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، ئادەم كۈچى ئارقىلىق ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارىنى ئاشۇرۇشقا كاپالەتلىك قىلدى. «چاغاننىڭ ئالدىنقى كۈنى كەچتىن باشلاپ، بىرىنچى سەپتىكى ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ ھەممىسى ئىش ئورنىغا چىقىپ، تۆت بەن ـ گۇرۇپپىغا بۆلۈنۈپ، پۈتۈن كۈچ بىلەن 24 سائەت ئۈزۈلدۈرمەي دېزىنفېكسىيە مەھسۇلاتى ئىشلەپچىقاردى» دېدى جۇڭتەي گۇرۇھى خۇاتەي شىركىتى ئىشلەپچىقىرىش ـ تىجارەت مەركىزىنىڭ نۆۋەتچى ئورۇنلاشتۇرغۇچىسى جىن ۋېي.

شىنجاڭ لەنشەن تۈنخې پولىئېستېر چەكلىك شىركىتى ئىشلەپچىقىرىش ۋە يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەشنىڭ ھەر ئىككىلىسىگە دەخلى يەتكۈزمەسلىككە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، كارخانا جايلاشقان باغچە رايونى ئىچىدە مەخسۇس ئىجارىگە ئېلىنغان زاۋۇت ئۆيىنى ياتاققا ئۆزگەرتىپ، ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ تۇرۇشىغا بەردى، ھەر كۈنى ئىككى قېتىم تۇرمۇش رايونىنى ئومۇميۈزلۈك دېزىنفېكسىيە قىلىپ، باكتېرىيە ئۆلتۈرۈپ، ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرگە مۇداپىئە بۇيۇملىرىنى تولۇق سەپلەپ بېرىپ، كۆپ خىل تەدبىرنى تەڭ قوللىنىپ يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلىدى.

### بىخەتەرلىكنى تۇتۇش تەمىنلەشكە كاپالەتلىك قىلىش

سانجى دۆلەت يۇقىرى، يېڭى تېخنىكىلىق كەسىپلەر تەرەققىيات رايونى فۇجيەن سانائەت باغچىسىغا جايلاشقان شىنجاڭ خېڭئەن قەغەزچىلىك چەكلىك شىركىتىنىڭ سېخىدا 13 ئىشلەپچىقىرىش لىنىيەسى تولۇق سۈرئەتتە ئايلىنىپ، تۇرمۇشتا ئىشلىتىلىدىغان تۈرلۈك قەغەزلەرنى جىددىي ئىشلەپچىقىرىۋاتاتتى. بۇ شىركەتنىڭ باش دىرېكتورى لىيۇ چۈەنخۇي مۇنداق دېدى: «بىز بىر قولدا يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىپ بىخەتەرلىككە كاپالەتلىك قىلىشنى تۇتۇش، بىر قولدا ئىشلەپچىقىرىشنى تۇتۇپ، تەمىنلەشكە كاپالەتلىك قىلىشتا چىڭ تۇردۇق. 600 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىپ، يېڭىدىن ئاپتوماتىك ساندۇققا قاچىلاش ئۈسكۈنىسىنى كىرگۈزدۇق، بۇ يىل 1 ـ ئايدىكى مەھسۇلات مىقدارى بۇلتۇرقى ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن 40% ئاشتى».

2 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى، شىنجاڭ زىجىڭ چۈەنسۇ يۇقىرى، يېڭى يېزا ئىگىلىك پاي چەكلىك شىركىتىنىڭ ئەقلىي ئىقتىدارلىق LED ئۆسۈملۈك زاۋۇتىنىڭ ئىچى باھاردەك ئىللىق ئىدى، تۈرلۈك كۆكتاتلار يايپېشىل ئۆسكەن بولۇپ، ئۆسۈش ھالىتى كىشىنى خۇشال قىلاتتى. «ئۆسۈملۈك زاۋۇتىمىزنىڭ قوللانغىنى پۈتۈنلەي يېپىق ھالەتتىكى پاكىز ئىشلەپچىقىرىش ھۈنەر ـ سەنئىتى بولۇپ، مۇداپىئەلىنىش، دېزىنفېكسىيەلەش ئۆلچىمى تېببىي دورا ئىشلەپچىقىرىشتىن ئېشىپ كېتىدۇ، يىل بويى يېڭى ئورگانىك كۆكتات ئىشلەپچىقىرىپ بازارنى تەمىنلىيەلەيمىز.» بۇ شىركەتنىڭ باش دىرېكتورى جاڭ شىزې مۇخبىرغا يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش مەزگىلىدە، بۇ شىركەتنىڭ كۆكتاتنىڭ باھاسىنى 50% چۈشۈرگەنلىكىنى ئېيتتى.

شىنجاڭ سانجى ۋاخاخا سۈتچىلىك چەكلىك شىركىتى نورمال ئىشلەپچىقىرىشقا كاپالەتلىك قىلىش بىلەن بىللە، ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرگە قارىتىلغان يۇقۇم بىلىملىرىنى ئومۇملاشتۇرۇپ ۋە تەشۋىق ـ تەربىيەنى پائال ياخشى ئىشلەپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش ۋە مەھسۇلات تازىلىقى بىخەتەرلىكىدىن ئىبارەت ئىككى ئۆتكەلنى چىڭ تۇتتى.

ئاپتونوم رايونلۇق تەرەققىيات ۋە ئىسلاھات كومىتېتى ئالاقىدار كارخانىلارنىڭ ئومۇميۈزلۈك ئىش باشلىشىغا ياخشى تەييارلىق قىلىش ئۈچۈن مۇناسىۋەتلىك خىزمەتلەرنى يولغا قويدى. نۆۋەتتە، كۆمۈر، توك، نېفىت، گاز بىلەن تەمىنلەشكە كاپالەتلىك قىلىشنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ياخشى ئىشلەپ، رايون ئىچىدىكى كۆمۈر ئىشلەپچىقىرىش كارخانىلىرىنىڭ يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش ۋە كۆمۈر ئىشلەپچىقىرىش خىزمىتىنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ياخشى ئىشلىشىگە يېتەكچىلىك قىلىپ، ئالاقىدار بەلگىلىمىلەر بويىچە ئىچكى باشقۇرۇشنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، ئىشنىڭ بىخەتەر ئەسلىگە كەلتۈرۈلۈشىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلدى. ئېلېكتر ئىستانسىلىرىنىڭ جىددىي تەمىنلەشكە كاپالەتلىك قىلىش لايىھەسى ۋە كۆمۈرنى تەرتىپلىك ئىشلىتىش لايىھەسىنى مۇكەممەللەشتۈرۈشكە يېتەكچىلىك قىلىپ، نۇقتىلىق ئېلېكتر ئىستانسىلىرىنى زاپاس كۆمۈر بىلەن تەمىنلەشكە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلدى.

**(مۇخبىرلىرىمىز ۋاڭ يۈجاۋ، جاۋ يۈ، يۈەن لىي، ما يىنىڭ، گې يۈجۈن، مېھرىگۈل ناسىر، لۇ فېڭباۋ، ئىختىيارىي مۇخبىرلىرىمىز لىيۇ شياڭيېڭ، سۇڭ خۇامىن يازغان)**